شنجاڭ گېزىتى

新疆日报 · شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 12 ـ ئاي
7
دۈشەنبە
维吾尔文 12 月7日

新疆日报网: www.xjdaily.com شنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65-0002/-W مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25268 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

دۆلىتىمىز تۇنجى قېتىم ئاي شارى ئوربىتىسىدىكى ئۇچرىشىپ ئۇدۇللىشىشنى ئىشقا ئاشۇردى

چاڭئې 5 ـ نومۇر ئوربىتىدا ئەۋرىشكە يۆتكەشنى تاماملىدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر خۇ جې) مۇخبىرنىڭ دۆلەت ئالەم قاتنىشى ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سائەت 5تىن 42 مىنۇت ئۆتكەندە، چاڭئې 5 ـ نومۇر كۆتۈرۈلۈش ئۈسكۈنىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئوربىتا ئۈسكۈنىسى ـ قايتىش ئۈسكۈنىسى بىرىكمە گەۋدىسى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇدۇللاشقان ھەم سائەت 6دىن 12 مىنۇت ئۆتكەندە ئاي شارى ئەۋرىشكە قاچىلاش ئۈسكۈنىسىنى بىخەتەر ھالدا قايتىش ئۈسكۈنىسىگە يۆتكىگەن. بۇ، دۆلىتىمىز ئالەم ئۇچقۇسىنىڭ ئاي شارى ئوربىتىسىدا ئۇچرىشىپ ئۇدۇللىشىشنى تۇنجى قېتىم ئىشقا ئاشۇرۇشى ھېسابلىنىدۇ.

مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق تونۇشتۇردى: كۆتۈرۈلۈش ئۈسكۈنىسى ئاينى ئايلىنىپ ئۇچۇش ئوربىتىسىغا كىرگەندىن باشلاپ، يىراق مۇساپىلىك يېتەكلەش ۋە يېقىن مۇساپىلىك ئۆز ئالدىغا كونترول قىلىش ئارقىلىق، ئوربىتا ئۈسكۈنىسى ـ قايتىش ئۈسكۈنىسى بىرىكمە گەۋدىسى تەدرىجىي ھالدا كۆتۈرۈلۈش ئۈسكۈنىسىگە يېقىنلىشىپ، قۇچاقلاپ تۇتۇش شەكلىدە كۆتۈرۈلۈش ئۈسكۈنىسىنى تۇتۇپ، ئۇچرىشىپ ئۇدۇللىشىشنى تاماملىدى.

كېيىن، چاڭئې 5 ـ نومۇر ئوربىتا ئۈسكۈنىسى ـ قايتىش ئۈسكۈنىسى بىرىكمە گەۋدىسى كۆتۈرۈلۈش ئۈسكۈنىسىدىن ئايرىلىپ، مۇۋاپىق پۇرسەتتە يەر شارىغا قايتىدۇ.

يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

چېن چۈەنگو خوتەن ۋىلايىتىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

سىياسەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، «تۆتنى توختاتماسلىق»نى چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈنۈملىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش كېرەك

12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 6 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو خوتەن ۋىلايىتىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە: 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، چېن چۈەنگو كېرىيە ناھىيەسىدىكى سېلىنلىق كەپتەر باقمىچىلىق بازىسىغا كېلىپ نامراتلارنى يۆلەش كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە دېھقانلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىمەكتە.
☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 6 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو خوتەن ۋىلايىتىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش سىياسىتىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، «تۆتنى توختاتماسلىق» تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش كېرەك.

چېن چۈەنگو كېرىيە ناھىيەسى سېلىنلىق كەپتەر باقمىچىلىق بازىسى، توغراغاز يېزىسى تەۋەلىك رايوندىكى زاۋۇت ۋە خوتەن ناھىيەسى زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كەسىپلەر باغچىسىغا كېلىپ، كارخانا مەسئۇللىرى ۋە ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىلەن سەمىمىي پاراڭلىشىپ، نامراتلارنى يۆلەش كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتى، ئاممىنىڭ ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ خاس كەسىپلەرنى ئەلالاشتۇرۇپ، كۈچەيتىپ، كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، تېخىمۇ مۇقىم بولغان مەنپەئەت باغلىنىش مېخانىزمى ئورنىتىپ، تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كىرىمىنى سىجىل مۇقىم ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

29 ياشلىق بېلىقىز مەتتوختى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى، قوللىشىدا ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش، چاچ گۈزەللەشتۈرۈش ماھارىتىنى ئۆگىنىپ، ئىگىلەپ، ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇل ئارقىلىق ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش، چاچ گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنى ئاچتى، دۇكىنى ھازىر تەرەققىي قىلىپ ئۈچكە كېڭىيىپ، ئايلىق كىرىمى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشتى، يەنە ئۈچ نامرات ئائىلىنىڭ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى. چېن چۈەنگو ئۇنىڭ ئەمگەكچان ئىككى قولىغا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىغانلىقىنى ھەم باشقا نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولغانلىقىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، ئۇنى ئىشەنچنى چىڭىتىپ، داۋاملىق تىرىشىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ بىرەر ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئىگىلەپ، تېخىمۇ بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ياردەم بېرىشكە ئىلھاملاندۇردى.

خوتەن شەھەرلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلار بىللە ئويناپ، بىللە ئۆگىنىپ، بىللە ئۆسۈپ يېتىلمەكتە، چېن چۈەنگو دەرسخانا، ئاشخانا، پائالىيەت ئۆيى، تەنتەربىيە سارىيى قاتارلىق جايلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، مائارىپ ئوقۇتۇشى ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونلىرىنىڭ سانى، سۈپىتى تەڭ ئۆستى

شىنجاڭنىڭ «13 ـ بەش يىل»ىغا نەزەر

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ياۋ گاڭ

بۇ يىل 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭدا يەنە 19 مەنزىرە رايونى دۆلەت 4A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى بولۇپ باھالاندى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا 4A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى 100دىن ئاشتى.

2015 ـ يىلى، شىنجاڭدا دۆلەت A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونىدىن ئاران 297سى بار ئىدى، ھالبۇكى بۇ يىلغا كەلگەندە، دۆلەت A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى 440قا يەتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى بەرپا قىلىش خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يانداش ئەسلىھەلەرنى ئەلالاشتۇرۇپ، ساياھەت مۇلازىمەت سۈپىتىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ ئەلا سۈپەتلىك ساياھەت مۇھىتى بەرپا قىلىپ، A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونلىرىنىڭ سانىنى ئاشۇرۇش بىلەن سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ تەڭ ئىلگىرىلىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

مەنزىرە رايونى بەرپا قىلىش يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى

بۇرچىن ناھىيە بازىرىغا جايلاشقان جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى سۇ ترانسپورت خاتىرە سارىيى رۇسچە ئۇسلۇبتىكى، ناھايىتى خاتىرىلەش ئەھمىيىتىگە ئىگە ئەنئەنىۋى توپا ـ تاش قۇرۇلملىق ئىمارەت. سارايدا سۈرەت، ئەمەلىي بۇيۇملار ئارقىلىق 60 نەچچە يىللىق جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى سۇ ترانسپورت تارىخى نامايان قىلىنغان.

«مەن بۇ يەردە ھەر خىل تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆردۈم، ئۇلارغا بۇرچىن ناھىيەسىنىڭ ئۆزگىچە تارىخىي مەدەنىيىتى مۇجەسسەملەنگەن» دېدى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى شىئەنلىك ساياھەتچى ۋاڭ چېڭلەن.

2019 ـ يىلى، جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى سۇ ترانسپورت خاتىرە سارىيى، جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى سۇ قاتنىشى كونا پىرىستانى، لاۋفۇچياۋ خارابىسى، بۇرچىن جىنشەن بىلىم يۇرتى قاتارلىقلارنى ئاساسىي مەنزىرە نۇقتىسى قىلغان جۇڭگو ـ رۇسىيە كونا پىرىستان مەنزىرە كوچىسى مەنزىرە رايونى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دۆلەت 4A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىلدى.

«مۇكەممەل ئەسلىھە، ئەلا مۇلازىمەت، كۆپ خىللاشقان ساياھەت مەھسۇلاتلىرى 4A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونىدىن ئىبارەت بۇ ماركىنى تېخىمۇ جۇلالاندۇردى. 4A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى ساياھەتچىلەر ئۈچۈن ماركا، پۈتۈن ناھىيەنىڭ مەنزىرە رايونلىرى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۈلگە خادىسى» دېدى بۇرچىن ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى ۋۇ لىپ.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شۆھرەت زاكىر قۇمۇل شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۈەن لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 6 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسى، ئاراتۈرۈك ناھىيەسىگە كېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلىپى بويىچە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى كۈچەيتىش كېرەك.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئالتاي ـ كۆكتوقاي ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىدا ياۋايى ھايۋانلار ئۈچۈن 34 ئورۇندا كۆچۈش يولى تەسىس قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىيۇ شياك** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئالتاي ـ كۆكتوقاي ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىدا پۈتۈن لىنىيە بويىچە قاتناش باشلىنىپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلدى. ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئەركىن كۆچۈشىگە قولايلىق يارىتىپ، تۆمۈريولنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن، تۆمۈريول شىنجاڭ قارامايلى تېغى تۇياقلىق ياۋايى ھايۋانلار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىن ئۆتكەندە 34 ئورۇندا ياۋايى ھايۋانلار يولى تەسىس قىلىندى.

ئالتاي ـ كۆكتوقاي ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئالتاي شەھىرى، كۆكتوقاي ناھىيەسى بىلەن سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا جايلاشقان شىنجاڭ شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنى تۇتاشتۇرىدىغان بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول ئايلانما لىنىيەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، بۇنىڭ ئىچىدە تەخمىنەن 130 كىلومېتىر قىسمى شىنجاڭ قارامايلى تېغى تۇياقلىق ياۋايى ھايۋانلار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، تۆمۈريول تارماقلىرى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، پىلانلاش، لايىھەلەش، قۇرۇلۇش قىلىش تېخنىكىسى قاتارلىق جەھەتلەردە قايتا ـ قايتا لايىھەنى سېلىشتۇرۇپ ۋە تېخنىكلىق باھالاپ، ئالتاي ـ كۆكتوقاي ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىنى يېشىل تۆمۈريول، ئېكولوگىيەلىك تۆمۈريول قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئالتاي ـ كۆكتوقاي ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىنىڭ ئالتايدىن كۆكتوقايغىچە بولغان بۆلىكىدە قاتناش باشلىنىپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلدى

شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول ئايلانما لىنىيەسى پۈتۈن لىنىيە بويىچە تۇتاشتۇرۇلدى

阿富准铁路
阿勒泰至富蕴段
开通运营
2020.12.6

12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، Y935/8 قېتىملىق يولۇچىلار پويىزىنىڭ كۆكتوقاي ۋوگزالىغا كىرىشكە ئەگىشىپ، ئالتاي ـ كۆكتوقاي ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىنىڭ ئالتايدىن كۆكتوقايغىچە بولغان بۆلىكىدە رەسمىي قاتناش باشلىنىپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلدى. ☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جېن شىشىن فوتوسى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىيۇ شياك** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سائەت 8دىن 49 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۇزاققا سوزۇلغان گۈدۈك ئاۋازىنىڭ ياڭرىشىغا ئەگىشىپ، Y935/8 قېتىملىق ساياھەت پويىزى ئاستا قوزغىلىپ ئالتاي ۋوگزالىدىن كۆكتوقايغا قاراپ ماڭدى، ئالتاي ـ كۆكتوقاي ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىنىڭ ئالتايدىن كۆكتوقايغىچە بولغان بۆلىكىدە رەسمىي قاتناش باشلىنىپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭدىكى تۇنجى ھالقىسمان تۆمۈريول تورى — شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول ئايلانما لىنىيەسى پۈتۈن لىنىيە بويىچە تۇتاشتۇرۇلدى.

ئالتاي ـ كۆكتوقاي ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولى شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ شىنجاڭدىن چىقىدىغان شىمالىي يولىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىنىڭ بىرى بولۇپ، يۈك ترانسپورتىنى ئاساس، يولۇچىلار ترانسپورتىنى قوشۇمچە قىلغان رايون غول لىنىيەسى. لىنىيە ئالتاي شەھىرىدىن باشلىنىپ، ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ كۆكتوقاي ناھىيەسىگە تۇتىشىدۇ، شىنجاڭ قارامايلى تېغى تۇياقلىق ياۋايى ھايۋانلار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى كېسىپ ئۆتۈپ جىمسار ناھىيەسىگە بېرىپ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

ئۈرۈمچى، تۇرپان ئىككى شەھەر تۇرالغۇ ئامانەت فوندىدىن باشقا جايدا قەرز بېرىشنى ئىشقا ئاشۇردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈجاۋ** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى، تۇرپان شەھىرى تۇرالغۇ ئامانەت فوندىدىن باشقا جايدا قەرز بېرىش ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى، ئىككى شەھەر باشلامچىلىق بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدا تۇرالغۇ ئامانەت فوندىدىن باشقا جايدا قەرز بېرىشنى ئىشقا ئاشۇردى. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇرالغۇ ئامانەت فوندىدىن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ھالقىپ قەرز بېرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى «بۆسۈش ھاسىل قىلىپ يول ئېچىش» تەدبىرى بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇرالغۇ ئامانەت فوندىنىڭ ئوبوروتچانلىقى يېتەرسىز بولۇشىنى ھەل قىلىش، مەبلەغنى تەڭشەپ ئىشلىتىش مېخانىزمى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىش، تۇرالغۇ ئامانەت فوندى رايونلىرىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشتا يېڭى قەدەم تاشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

扫码下载
石榴云
客户端
天山网 www.ts.cn | 石榴云 | 新疆日报
新 疆 报 业 传 媒 集 团